# رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (5)



## ئىت مۈشۈككە نېمىشقا ئۆچ بولۇپ قالغان؟

تەييارلىغۇچى: نەسلىخان ئۇيغۇر

UYGUR.COM



بۇرۇنسدا ئت بلەن مۅشۅك دوست بولۇپتۇ. مۅشۅك ئۆزنى ئۇستا موزدۇز دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ.

بىر يىلى كۆزدە ئىت ئۈنىڭغا:

ـ قىش كىرىپ سوغاق چۈشكىچە ماڭا بىر جۈپ ئۆتۈك تىكىپ بەرسەڭ، ـ دەپتۇ.

ـ ماقۇل، يارىغۇدەك قىلىپ تىكىپ بېرىمەن. لېكىن بىر ئاي مۆھلەت كېرەك. ـ دەپتۇ مۈشۈك.





ـ ۋاقتى نىمانچە ئۇزۇن،
تېزرەك بولسا ياخشى
بولاتتى، ـ دەپتۇ ئىت.

ـ ھۈنەرگە ئۇستا بولغىنىم
ئۈچۈن قولۇم بېسىق،
سۈپەتلىك تىكىش ئۈچۈن
كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ. ـ
دەپ ماختىنىپتۇ مۈشۈك.





ئۇلار تالاش تارتىش قىلىپ ئاخىرى ئىككى ھەپتىگە پۈتۈشۈپتۇ.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپتۇ. ئەمما مۈشۈك ھورۇنلۇق قىلىپ قەيەر ئىسسىق بولسا شۇ يەردە ئۇخلاپ ئۆتۈكنى تىكمەپتۇ. دىگەن قەرەلدە ئىت ئۆتۈكنى ئالغىلى مۈشۈكنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.



ـ ئىشىم بېسىق بولۇپ كېتىپ، تېخى قولىغا ئالمىدىم. پىچىپ تەييارلاپ قويغان ئىدىم. خاپا بولماي بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلگىن، ـ دەپتۇ مۆشۈك.





بارغانسرى سوغۇق چۈشۈپتۇ، پۈتۈشكەن قەرەلدە ئىت يەنە كەپتۇ.

ـ ئۆتكەن ھەپتە ئاغرىپ قىلىپ ئىش قىلالمىدىم، كېلەر ھەپتە كەلسەڭ. ـ دەپتۇ مۈشۈك خىجىل بولغان قىياپەتتە.



ئىت ئىلاجسىز يەنە قايتىپ كېتىپتۇ.
سوغاق تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. ئىت تولا
بىرىپ مۈشۈكتىن ئۆتۈكنى ئالالماپتۇ.
ئىت ھەر قېتىم بارغاندا:

ـ پۇت... پۇت...! مانا ھازىر قېلىپقا
تارتىپ قويدۇم، ئەتىلا پۈتكۈزۈپ
بېرىمەن، پۇت ـ پۇت!... ـ
دەيدىكەن مۈشۈك سۇ پۇركۇپ تۇرۇپ.

ئۆتۈكنى ئالالماي سوغاقتا
پۇتى توڭۇپ كەتكەن ئت
جلى بولۇپ ئاخرى ئۆزنى
بېسۋالالماي غەزەپ بلەن
مۈشۈككە ئېتلپتۇ.



مۈشۈك دەرھاللا يېنىدىكى ئېگىز دەرەخكە يامىشىپ چىقىۋاپتۇ.





شۇندىن بۇيان ئىت مۈشۈككە ئۆچ بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا ئىت قانداقلىكى يەردە مۈشۈكنى كۆرسە ئېتىلىپ بېرىپ قوغلاپ يۈرىدىكەن.



مۏشۏکمۏ «پارتتده»
قىچپ دەرەخکە
چىقۋالدىكەن دە،

«پۇت، پۇت، ئۆتۏکنى
قىلىپقا تارتىپ قويدۇم،
ئەتىلا پۏتکۏزۏپ
بىرىمەن» دەپ کونا
گىپنى تەکرارلايدىكەن.



يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۈگمەس
دىگەن ماقال تەمسىل شۇنىڭدىن
قالغان ئىكەن.

بۇ بىر يۈرۈش «رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» توپلىمى، مەھەممەت سىدىق تومۇرى، ھاجى ئەخمەت، مۇتەللىپ پالتاخۇن، تۇرسۇن زېرىدىن قاتارلىق پىشقەدەم ئۇستازلار تەرىپىدىن توپلاپ رەتلىنىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق كىتاب ئاساسىدا، ماھىنۇر ئۇيغۇر، ھەبىبە ئۇيغۇر ۋە نەسلىخان ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىز تەرىپىدىن رەسىملىك باللار ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندۇرۇلدى. يېڭى ساۋادى چىققان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلى چىقىش مەزگىلىدىكى ئوماق پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزى ئوقۇپ بېرىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

www.uygur.com